ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئويغان

ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ! دېدىم، بىشىڭ كۆتۈر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ باشىنى كەس،قانىنى چاچ !
كۆز ئېچىپ ئەتراپىقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىر كۈن نائىلاج.

ھىلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ؟
قىچقارسام قىمىرلىمايلا ياتىسەن،
ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ؟!

كۆزۈڭنى يوغان ئىچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىمەت پۇرسىتى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا ئەي ئۇيغۇرۇم،
سەپدىشىم، قىرىندىشىم، بىرتۇغقىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا، ئويغاتسام سىنى،
ئاڭلىمايسەن زادى، نىمە بولغىنىڭ؟

كىلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلسەن،
تەكتىگە گەپىڭ شۇچاغدا يىتسەن.
«خەپ» دىسەڭ ئۇچاغدا ئۆلگۈرمەي قالار،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بىرىسەن.